# 171943 ـ قىرىق كۈنلۈك توشمىغان تۆرەلمىنى چۈشۈرۈۋېتىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## سوئال

ئاياللىم ھامىلدارلىقنىڭ دەسلەپكى ئېيىدا، بىزنىڭ يەنە ئىككى ئوغلىمىز بولۇپ، بىرى بىر يېرىم ياش، ئىككىنچىسى يەتتە ئايلىق بولدى، ئىككى پەرزەنتىمىز بىر ئاز چوڭ بولۇپ بولغىچە تۇغۇتنى تەرتىپلەش ئۈچۈن ئاياللىم ئايغا توشمىغان تۆرەلمىنى چۈشۈرۈۋەتسە توغرا بولامدۇ؟ . بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

قىرىق كۈنگە توشمىغان تۆرەلمىنى چۈشۈرۈۋېتىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا پىقھى ئالىملىرى ئىختىلاپ قىلىشتى، ھەنەفى، شافىئى مەزھىپىدىن بىر جامائەت ۋە بەزى ھەنبەلى ئالىملىرى قىرىق كۈنگە توشمىغان تۆرەلمىنى چۈشۈرۈۋەتسە بولىدۇ دېگەن قاراشتا بولدى. ئىبنى ھۇمام" پەتھۇل قەدىر-3 "توم-401 بەتتە مۇنداق دەيدۇ" :ھامىلدار بولۇپ بولغاندىن كېيىن تۆرەلمىنى چۈشۈرۈۋەتسە توغرا بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلىگە؛ تۆرەلمە ئىنسان شەكلىگە كەلمىگەن بولسا بولىدۇ، ئاندىن يەنە بىر ئورۇندا: ئىنسان شەكلىگە كىلىشى بىر يۈز يىگىرمە كۈندىن كېيىن بولىدۇ دېدى، بۇ ئۇلارنىڭ ئىنسان شەكلىگە كىلىشى دېمەكتىن جان كىرگەندىن كېيىن دېگەننى مەقسەت قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، لىكىن بۇ قاراش توغرا ئەمەس، چۈنكى ئىنسان شەكلىگە كېلىش دېگەن بىر يۈز يىگىرمە كۈندىن بۇرۇن ئەمەلىيلىشىدۇ."

رەملى" نىھايەتۇل مۇھتاج- 8 "توم-443 بەتتە مۇنداق دەيدۇ" :كۈچلۈك قاراشتا، جان كىرگەندىن كېيىن چۈشۈرۈۋېتىش مۇتلەق ھارام بولىدۇ، جان كىرىشتىن بۇرۇن دۇرۇس بولىدۇ."

ھاشىيەتۇ قەليۇبى- 4 توم-160 بەتتە مۇنداق كەلگەن" :غەزالىدىن باشقا ئالىملار تۆرەلمىنى جان كىرىشتىن بۇرۇن گەرچە دورا بىلەن چۈشۈرۈۋەتسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ دېگەن.

مىرداۋىي"ئەل ئىنساپ- 1 "توم-386 بەتتە مۇنداق دېگەن" :ئىسپىرمىنى چۈشۈرۈۋېتىش ئۈچۈن دورا ئىچسە بولىدۇ"، ئىبنى جەۋزى ئايالللار ئەھكامىدا ھارام دېگەن .

"   ئەل پۇرۇئىدا "مۇنداق دېگەن" :ئە پۇنۇندا"  ئىبنى ئەقىلنىڭ سۆزىنىڭ سىياقىدا: جان كىرىشتىن بۇرۇن تۆرەلمىنى

چۈشۈرۈۋەتسە توغرا بولىدۇ دېگەن."

مالىكى مەزھەب ئالىملىرى تۆرەلمىنى چۈشۈرۈۋېتىش مۇتلەق توغرا بولمايدۇ دېگەن قاراشتا بولغان، ھەنەفى مەزھەپ ئالىملىرىنىڭ بەزى، شافىئى مەزھەپ ئالىملىرىنىڭ بەزىسى ۋە ھەنبەلى مەزھەپ ئالىملىرىنىڭ بەزىسىمۇ شۇنداق دېگەن، دەردىر "شەرھىل كەبىر- 2 "توم-266 بەتتە مۇنداق دېگەن" :بالىياتقۇدا ئورۇنلاشقان ئىسپېرمىنى گەرچە قىرىق كۈندىن ئىلگىرى بولسىمۇ چۈشۈرۈۋېتىش توغرا بولمايدۇ، ئەگەر جان كىرىپ بولغاندىن كېيىن بولسا بۇنى چۈشۈرۈۋېتىشنى ھەممەيلەن ھارام دەپ قارايدۇ.

بەزى پىقھى ئالىملىرى ئۆزۈرلۈك بولسا دۇرۇس بولىدۇ دەپ قارىغان" .كۇۋەيت پىقھى توپلاملىرى- 2 "توم-57 بەتكە قارالسۇن.

يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆلىمالار ھەيئىتى كېڭەش قارارىدا مۇنداق كەلگەن:

- 1ئەڭ تار دائىرىدە شەرئى سەۋەپسىز ھەر قانداق باسقۇچتىكى تۆرەلمىنى چۈشۈرۈۋېتىش توغرا بولمايدۇ.

- 2تۆرەلمە بىرىنچى باسقۇچتا بولسا، ئۇ بولسىمۇ دەسلەپكى قىرىق كۈنلۈك ئىسپېرما ھالىتىدە بولسا، ئۇنى چۈشۈرۈۋېتىش شەرئى كۆرسەتمە ياكى زىياندىن ساقلىنىش بىلەن بولسا ئۇنى چۈشۈرۈۋېتىش توغرا بولىدۇ، ئەمما مۇشۇ مۇددەتتە بالا تەربىيلەشنىڭ قىيىنچىلىقىدىن ئەنسىرەپ ياكى تۇرمۇش قىيىنچىلىقى، ئوقۇش خىراجىتى ياكى كەلگۈسى ئىستىقبالىدىن ئەندىشە قىلىپ ياكى بار بولغان پەرزەنتلىرى بىلەن كۇپايىلىنىپ چۈشۈرۈۋېتىش توغرا بولمايدۇ . [" پەتىۋالار مەجمۇئەسى" - 3 توم -1055بەت].

دائىمىي كومىتېت پەتىۋاسى - 21توم-450 بەتتە مۇنداق كەلگەن" :ئەسلى قائىدىدە، ھامىلدار بولغان ئايالنىڭ شەرئى سەۋەپسىز ھەر قانداق باسقۇچتىكى تۆرەلمىنى چۈشۈرۈۋېتىشى توغرا بولمايدۇ، ئەگەر تۆرەلمە دەسلەپكى ئىسپېرمىلىق مۇددەتتە يەنە دەسلەپكى قىرىق كۈنلۈك ياكى ئۇنىڭدىن ئاز مۇددەتتە بولسا، شەرئى سەۋەپ ياكى بۇ سەۋەپتىن ئانىغا يېتىدىغان زەرەرنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن بۇ ھالەتتىكى تۆرەلمىنى چۈشۈرۈۋەتسە بولىدۇ، بۇ بالا تەربىيلەشتىكى قىيىنچىلىق ياكى ئۇلارغا كېتەرلىك ئىقتىسادتىن ئەنسىرەپ ياكى بار بولغان پەرزەنتلىرى بىلەن كۇپايىلىنىش قاتارلىق شەرئى سەۋەپ بولمىغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلانمايدۇ.

ئەمما ھامىلدارلىق مۇددىتى قىرىق كۈندىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، ئۇ ۋاقىتتا تۆرەلمىنى چۈشۈرۈۋېتىش ھارام بولىدۇ، چۈنكى قىرىق كۈندىن كېيىن تۆرەلمە ئىسپېرما ھالىتىدىن قان ھالىتىگە ئۆتىدۇ، بۇ ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشىنىڭ باشلىنىشى، مۇشۇ باسقۇچقا يەتكەندىن كېيىن تۆرەلمىنى چۈشۈرۈۋېتىش توغرا بولمايدۇ، پەقەت ئىشەنچىلىك دوختۇرلار ھەيئىتىنىڭ ھامىلدارلىقى داۋاملاشسا، ئانىنىڭ ھاياتى خەتەرگە ئۇچرايدۇ دېگەنگە تەكشۈرۈش نەتىجىسى بولسا، ئۇ ۋاقىتتا تۆرەلمىنى چۈشۈرۈۋېتىش

توغرا بولىدۇ.

ئەگەر ھاجەت بولسا، قىرىق كۈنلۈك بولۇشتىن بۇرۇن تۆرەلمىنى چۈشۈرۈۋەتسە دېگەن قاراش توغرىدۇر، چۈنكى ئانىغا نىسبەتەن قىسقا مۇددەتتە ئارقىمۇ-ئارقا ئۈچ قېتىم ھامىلدار بولۇش قىيىن بولىدۇ، جىسمىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ ۋە بۇنىڭ تۆرەلمىگىمۇ تەسىرى بولىدۇ، ئانا مۇشۇ ياشتىكى كىچىك ئۈچ پەرزەنتىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ .ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.